ئەسىرلەر گۈلىستانى

# ئەقىلدىن جاھان ئاۋات بولۇر

## (باھارىستان)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

كلاسسىكلار گۇلىستانى

# ئەقىلدىن جاھان ئاۋات بولۇر

(باھارىستان)

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى

باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت

تۈزگۈچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

**图书在版编目（CIP）数据**

世界由智慧繁荣：维吾尔文 / 阿迪力·穆罕默德主编.
乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社，
2009.3
(经典之花系列丛书)
ISBN 978-7-80744-779-5

I. 世… II. 阿… III. 维吾尔族—谚语—汇编—中国—
维吾尔语（中国少数民族语言） IV. I277.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 024497 号

**从 书 名** 经典之花系列丛书
**本册书名** 世界由智慧繁荣
**策　　划** 穆拉提·伊力
**主　　编** 阿迪力·穆罕默德
**编　　著** 玉努斯·伊里亚斯·伊德库特鲁克
**责任编辑** 艾尼瓦·库迪力克
**特约编辑** 哈斯亚提·依不拉音
**责任校对** 克尤木·吐尔逊

**出　　版** 新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社

**地　　址** 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
**邮　　编** 830000
**发　　行** 新疆维吾尔自治区新华书店
**印　　刷** 新疆新华华龙印务有限责任公司
**开　　本** 880×1230 毫米　1/32
**印　　张** 3.125
**版　　次** 2009 年 3 月第 1 版
**印　　次** 2009 年 3 月第 1 次印刷
**书　　号** ISBN 978-7-80744-779-5
**定　　价** 9.90 元

（书中如有缺页，错页及倒装请与工厂联系）

مەجمۇئە ئىسمى: كلاسسىكلار گۈلىستانى
كىتاب ئىسمى: ئەقىلدىن جاھان ئاۋات بولۇر
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
تەكلىپلىك مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 3.125
نەشرى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2009 - يىل 3 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-779-5
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، تەلىم - تەربىيىنى ئاساسىي مەقسەت قىلىپ يازغان ئەسەرلىرى زامانىنىڭ ئۆتۈشى، كىشىلەر ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى بىلەن يەنىمۇ ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىلغار ئىدىيىلەر، ئەخلاقىي دەۋەتلەر قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىماقتا. بىز دەۋر قەدىمگە ماسلىشىش، تارىختا ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋىي جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىلھام بېرىش مەقسىتىدە، كلاسسىكلار قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەر ئىچىدىن دىداكتىك مەزمۇن ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرىنى تاللاپ «كلاسسىكلار گۈلىستانى» ناملىق بۇ مەجمۇئەنى تۈزدۇق. دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان «ئەقىلدىن جاھان ئاۋات بولۇر» دېگەن كىتابتا ئەل ئارا ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر تاجىك مۇتەپەككۇر شائىرى — ھەزرىتى مەۋلانا نورۇدۇن ئابدۇراخمان جامى (1414 – 1492) نىڭ «باھارىستان» ناملىق ئەسىرى قىسمەن قىسقارتىپ تونۇشتۇرۇلدى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# كىرىش سۆز

بۇ خۇش كۈچۈل چېغىمىزدا قەدىرلىك ئوغۇل زىياۋۇددىن يۇسۇف... ئەرەب تىلى باشلانغۇچ قائىدىلىرىنى ۋە ئەرەب ئىلمىي قائىدىلىرىنى توپلاش بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. مەلۇمكى، كىچىك باللار ۋە تەجرىبىسىز ياشلار قولىقىغا ناتونۇش ئاتالغۇلار ۋە تەبىئىتىگە يىراق نەرسىلەرنى ئۆگەنگەندە، يۈرىكى چۆچۈيدۇ، كۆڭلىگە قورقۇنچ توزانلىرى قونىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا مۇرۇۋۋەت، خاتىرلىرىگە مەدەت بېرىش مەقسىتىدە بەزى - بەزىدە داڭلىق شەيخ ۋە بۈيۈك ئۇستاز مۇسلىھىددىن سەئدىي شىرازىينىڭ «گۈلىستان» ىدىن:

گۈلىستان ئەمەستۇر، جەننەتتىن نىشان،<br>
خەشەك - تىكەنى ھەم ئەنبەرگەردۇر قان.<br>
جەننەت دەربازەسى ئۇنداكى بابلار،<br>
فەيز تولا قىسسەلەر چىن ھەۋزى كەۋسەر.

پەردەگە ئورالغان نۇكتەلەر پىنھان،<br>
بۇلارغا رەشك ئېتەر ھۆر ئىلە غىلمان.<br>
شېئىرلارى دەرەختدۇر ئېگىز، ھاسىلدار،<br>
لۇتف شەبنەمىدىن ئارىفلار بار».

دەپ بىر نەچچە قۇر ئوقۇتار ئىدى. شۇ ئەسنادا ئېسىمگە سەئدىينىڭ تەۋەررۇك سۆزلىرىدىن شەرەپلىنىپ ۋە گۈزەل شېئىرلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، شۇ تۇر ۋە شۇ ئۇسلۇبتا بىر نەچچە ۋەرەق ئىجاد قىلىپ، ھازىرلانغان داستان، غايىبلارغا سوۋغا قىلىش پىكرى كەلدى ۋە بۇ مەنە ئەنجامى مۇشۇ تەرزدە ئاخىرىغا يەتتى...

سەير ئەيلە بۇ «باھارىستان»دا،<br>
كۆرۈنەر ئۇندا گۈزەل گۈلىستانلار.

لاتافەتتىن ھەر گۈلىستاندا،
گۈللەر ياشناپ ئېسەر رەيھانلار.

بۇ «باھارىستان» سەككىز رەۋزە (باغ) دىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ جەننەت رەۋزىلىرىنىڭ ھەربىرىدە ئۆزگىچە گۈللەر جىلۋىسى ۋە ئۆزگىچە رەيھانلار ئەتىرى بار. بۇنىڭ گۈل - چېچەكلىرى كۈز شامىلىدىن خازان بولماس ۋە رەيھانلىرى قىش سوغۇقىدىن سولماس.

بىرەر مەقسەت تىكەنلىرىدىن خالىي ۋە بىرەر تۆھپە - تەلەپ خەشىكىدىن پاك بۇ باغنى سەير قىلغۇچىلارغا بىرلا ئىلتىماس شۇكى، بۇ باغنى سەير ئېتىپ تاماشا قىلغىنىڭىزدا، بۇ چىمەننى ئۆستۈرگۈچى جىگىرى قان، دىلى ۋەيران بولغۇچىغا دۇئادا ياد ئېتىپ، ماختاش بىلەن شاد ئەيلىگەيسىز...

بەختلىكلەر ئىچرە ھەركىم،
بۇ باغقا كىرسە گەر جىم،
يا يېسە يېمىشىدىن،
ھۇزۇرلانسا سايىسىدىن،

مىننەتدار بولسا ئۇنىڭدىن،
قىلسا ياخشىلىق قولىدىن،
ئەتسە ماڭا دۇئالار،
ماڭا پەقەت شۇ قالار.

## بىرىنچى رەۋزە

# دانالار ھېكمىتى

ھەقىقەتنى بىلىشكە ئىنتىلگەن ۋە بىلگەنلىرىدىن پەقەت لازىملىقىنى ئۆز ئىشلىرىغا رەھنەما قىلغان كىشى دانىشمەن دېيىلىدۇ.

ئۆتكۈنچى نەرسىدىن كۆڭۈل ئۈزۈپ ئال،
مەڭگۈلۈك تەدبىر بىلەن بىرگە قال.
نېمىنى بىلەلىسەڭ بىلىشكە ئىنتىل،
سوڭرە بىلگەنلىرىڭ بىر - بىر ئىشقا سال.

### ھېكايەت

ئىسكەندەر رۇمىي[1] جاھانگىرلىك دەۋرىدە ھىيلە بىلەن بىر قەلئەنى ئىگىلىدى ۋە ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە بۇيرۇدى. شۇ چاغدا ئىسكەندەرگە بىرى:

— ئۇ يەردە بىر ھەكىم بار، ئۇ تولىمۇ بىلىملىك، ھەر قانداق مۇشكۇل ئۇنىڭ ئالدىدا ئاسان، — دېدى.

ئىسكەندەر ئۇ كىشىنى ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇ كىشى ئىسكەندەرنىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. كۆردىكى، چىرايى سەت، كىشىنىڭ كۆڭلى ئىلىشقۇدەك بىر كىشى ئىكەن. ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ دېدى:

---

[1] ئىسكەندەر رۇمىي (ئالېكساندىر ماكېدونسكىي: شەرق مەملىكەتلىرىدە «ئىسكەندەر مەقدۇنىي، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين» نامى بىلەن داڭلىق) — مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 356 – 323 - يىللاردا ياشىغان. ئۇ شەرققە قوشۇن باشلاپ يېقىن شەرق، ئىران ۋە ئوتتۇرا - مەركىزىي ئاسىيانى بېسىۋالغان ۋە چوڭ ئىمپېرىيە تۈزگەن. ئۇ شەرق ئەدەبىياتىدا كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ قەھرىمانى بولۇپ كەتكەن.

— بۇ نېمىدېگەن سەت چىرايىۇ سۆرۈن تەلەت؟!
هەكىم بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، چىقىپ كەتتى ۋە قاتتىق قاقاقلاپ كۈلۈپ دېدى:

«تەنە قىلما خۇنۇك يۈزۈمگە قاراپ،
ئەي ئەقلۇ ئىنسابتىن خەۋەرسىز كىشى.
تەن قىندۇر، ئەمما جان ـ قىندىكى قىلىچ،
ئۆتكۈرلۈك، كەسمەكلىك قىلىچنىڭ ئىشى».

ئۇ يەنە دېدى: «كىم خەلقى بىلەن ياخشى ئۆتمىسە، ئۇنىڭ تېرىسى ئۆزى ئۈچۈن زىنداندۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئېغىر ئاھ ـ ۋاھ باردۇر، زىندان ئۇنىڭغا قارىغاندا ئارامگاھدۇر.

ھەمىشە غەم ئۇرار دىلىن مىسلى پېچەك يىپىدەك،
ھەركىمكى، بارچە بىرلەن بەتخۇلق قىلسا زاھىر.
زىندان بېگىگە ئېيتىپ، زىندان قىلماق نەھاجەت؟
ئۆز تېرىسى ئۆزىگە زىندان ئەمەسمۇ، ئاخىر!»

ئۇ يەنە شۇنداق دېدى: «ھەسەت قىلماق ھەمىشە كۆلپەت كەلتۈرىدۇ ۋە ئۆز پەرۋەردىگارىغا نىسبەتەن خۇسۇمەت قوزغىتىدۇ. باشقىلارغا نېمىلا بەرگەن بولسا، ئىچى ئېچىشىدۇ ۋە باشقا ماللىرىنى ساقلاش غېمى بىلەن بەند بولىدۇ.

ئۆزگىلەرگە ھەسەت قىلىش ئەقلىدىن ئەمەس،
ئەسلا كەتمىگەيسەن ئەقىل ـ ئىدراكتىن يىراق.
خەلقتىن تەمە كۈتمە، ھەسەت ـ ئەلەم يىراق.
تەمە قىلما، ئەلىمىڭ بولغاي بىساناق».

دانىشمەن يەنە شۇنداق ئېيتتى: «ھىممەتلىك كىشىلەر بايلىقتىن دوستلىرى بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇر. ئەقىلسىز خەسىسلەر ئۇنى دۈشمەنگە قالدۇرۇپ كېتۇر.

ھەرنە كىرسە ھىممەتلىك مەرد قولىغا،
چاچار دوستلار ئايىغىغا بارچەسىن.
ئۆزى ئۆلگەچ، دۈشمەنلىرى بۆلۈشەر،
خەسىس كىشى تېرىپ يىغقان نەرسەسىن.»

يەنە ئېيتتى: «كىچىكلەرگە ھەزىلۇ ئىستىھزا ئوقىنى ئاتماق — ئۇلۇغلۇق ئابرۇيىنى بىكارغا ساتماق ۋە زىللەتتۇ خارلىق غۇبارىغا پاتماقتۇر.

ئەي پەسلىك لىباسىن كىيگەن ئادەمزات،
قورقىمەنكى، نامىڭ بەسكەش بولغۇسى.
كىچىكلەر بىرلە سەن بولما ئەپسۇنكار،
كى ئۇلۇغلۇق نامىڭ مۇتلەق ئۆچكۇسى.»

يەنە دەيمىش: «كىمەرسىكى قول ئاستىدىكىلەرگە مۇشت ئاتسا، ئاخىرىدا ئۆزى مۇشت يېگەنلەر قاتارىدا بولۇر.

بىر ياخشى سۆزۈم بار، قۇلاق سال، ئەي دىل،
قالمىش دانالاردىن مىراس تولاراق.
كىم تارتسا ئاداۋەت قىلىچىن قىندىن،
ئاداۋەت تىغىدىن بولىدۇ ھالاك».

## ھېكايەت

فەرىدۇن[1] شەپقەت زېمىنىگە نەسىھەت ئۇرۇقىنى چاچتى، بالىسى ئۆچۈن قەغەزگە مۇنۇ سۆزلەرنى چەكتى: «ھايات ۋەرەقلىرى كىشى ئەمىلىنىڭ سەھىپىلىرىدۇر. ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى ئىشلار پۈتۈلىدۇ.»

---

[1] فەرىدۇن — فىردەۋسىينىڭ «شاھنامە» داستانىدىكى قەھرىمانلاردىن بىرى، جەمشىدنىڭ ئوغلى، ئادالەتلىك شاھ ئوبرازى.

زامان سەھىپىلىرى — ئىنسان ئۆمرى دەپتىرى،
شۇندايىن سۆزنى ئېيتمىش ئۇيغا پاتقان بىر دانا.
كىمكى بۇ پاك كىتابتا ياخشى ئىشلىرى بىلەن،
ياخشى نامىن قالدۇرسا، شۇنىڭ بەختىدۇر ئەلا.

## ھېكايەت

ھەكىملەردىن بىرى ئېيتۇرلاركى:
«ھېكمەتتىن قىرىق دەپتەر يازدىم، ئەمما ئۇلاردىن نەپ كۆرمىدىم. ئۇلاردىن قىرىق كەلىمىنى ئىختىيار قىلدىم، ئەمما بۇلارنىڭمۇ پايدا - مەنپەئىتىنى بىلمىدىم. ئۇلاردىن تۆت سۆز تاللاپ ئالدىم ۋە ئىزدىگەن نەرسەمنى تېپىپ كۆڭلۈمگە سالدىم:
— ئاۋۋىلى شۇكى، ئاياللارغا ئەرلەرگە ئىشەنگەندەك بەك ئىشىنىپ كەتمە... ئىككىنچىسى شۇكى، بايلىقتىن مەغرۇرلانما، بايلىقىڭ قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنى زامان ئاخىر ياپمال قىلغۇسى.

بايلىقتىن كىبىرلىمەك — ئەقىلدىن ئەمەس،
چۈنكى ئۇ ئۆتكۈنچى بۇلۇتقا ئوخشاش.
ئۆتكۈنچى بۇلۇتتا بولسىمۇ جەۋھەر،
بەربىر ئۇ ئۆتكۈنچى، ئىشىنىپ بولماس.

ئۈچىنچىسى بۇدۇركى، يوشۇرۇن سىرىڭنى ھېچبىر دوستۇڭغا ئېيتما، چۈنكى دوستلۇقتا دەز كېتىپ، دۈشمەنلىككە ئايلانغان ئىشلار ھاياتتا كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەي ئوغۇل، دۈشمەنلىرىڭدىن يوشۇرۇن بولسا سىرىڭ،
ياخشىسى دوستلار ئارا سۆزلىمە، قالسۇن نىھان[1].
پەلەك تەتۈر ئايلىنىپ دۈشمەن كىشى دوست بولغىنى،
دوستنىڭ دۈشمەن بولغانىن ھەم كۆرگىنىم بار كۆپ زامان.

---

[1] نىھان – يوشۇرۇن، پىنھان، مەخپىي.



此为试读，需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

تۆتىنچىسى شۇكى، پەقەت پايدىلىق ئىلىمنىلا ئالماق، پايدىسىز ئادەتلەردىن قاچماق ۋە پەقەت زۆرۈر نەرسىلەرگىلا قولاق سالماق لازىم.

ئەڭ زۆرۈر بىلىمنى تىرىشىپ ئۆگەن،
زۆرۈر بولمىغىنىنى ئاختۇرۇپ يۈرمە.
زۆرۈرىنى ھاسىل قىلغىنىڭدىن كېيىن،
ئاڭا ئەمەل قىلماي ئۆمۈر ئۆتكۈزمە.

## ھېكايەت

ئىبنى مۇقەففا[①] شۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

— ھىندى دانىشمەنلىرى يازغان كىتابلار يۈز تۆگىلىك يۈك بولدى. ئۇلارنىڭ پادىشاھى بۇلارنى ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار كىتابلارنى ئىككى تۆگىلىك يۈككە كەلتۈرۈشتى. «يەنە ئازايتىلسۇن» دەپ بۇيرۇدى پادىشاھ. ئاخىر كىتابلار بارى - يوقى تۆت كەلىمىگە يىغىنچاقلاندى.

بىرىنچى كەلىمە خان - خاقانلارنى ئادالەتكە چاقىرار ئىدى.

ئەگەر خاقان ئىشى بولسا ئادالەت،
چوڭ-كىچىك ھاياتىدا پاراغەت.
دىلى ۋەيران يىغلار بولسا كۆكسى چاك،
دېمەك ئاڭا زۇلۇم قىلغان بىر ناپاك.
گەر زامانە ئاپەتلىرى بالادۇر،
پەقەت خاقان ئادالىتى داۋادۇر.

ئىككىنچى كەلىمە ياخشىلىق قىلماق ۋە خان پەرمانلىرىنى ئورۇندىماق توغرىسىدا ئاۋامغا قىلىنغان نەسىھەت ئىدى.

---

[①] ئىبنى مۇقەففا ــ ئەسلىي نامى رۇزبېھ دادا ئوغلى، «ئابدۇللا» دېگەن ئىسمىنى قوللانغان، باشقا تىللاردىن ئەرەبچىگە كۆپ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئەرەب پروزىچىلىقىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بىرى، جۈملىدىن ئۇ «كەلىلە ۋە دېمنە» كىتابىنى پەھلىۋى تىلىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان؛ 724 - يىلىدا تۇغۇلۇپ، 769 - يىلىدا كۇپپارلىقتا ئەيىبلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

خان زۇلمى ئۇرۇقىدىن خەلق ئىچرە دائىم قوزغىلاڭ،
بۇغداي ئالمىش قاي كىشى شۇدىگەرگە چىچىپ ئارپا ـ دان؟!

ئۇچىنچى كەلىمە تەن ساقلىقىنى ساقلىماق، قورساق ئاچماي تويۇپ تائامغا قول سوزماسلىق ۋە تويماي تويۇپ ئۇنىڭدىن قول تارتماق توغرىسىدۇر.

كىسەل سەۋەبىدىن ساقلان ئاۋۋالا،
تېۋىپتىن تەگمىگەي قوپال سۆز ـ بالا.
ئارتۇق تويۇپ كەتمە، يېگىن قاراپراق،
يېمە تائام توق قارنىڭغا سەن ئەسلا.

تۆتىنچى كەلىمە ياتلارغا قارىماسلىق توغرىسىدا خوتۇنلارغا قىلىنغان ئۆگۈت ئىدى.

تەن مەھرەمىدىن[1] ئۆزگە بولسا ھەمكى ھۆسندار،
سادىق ئايال قارىماس بىگانىگە بىرەر بار[2].
ئاسماندىكى ئاي بولسىمۇ ھۆسندە ئۇ يېگانە،
ھايالىق ئايال ھەر چاغ بىگانىگە بىگانە.

## ھېكايەت

تۆت پادىشاھتىن تۆت ھېكمەتلىك سۆز قالمىش، گويا تۆت يادىن تۆت تال ئوق كۆككە يول ئالمىش.

خۇسرەۋ ئېيتۇر: «ئېيتمىغان سۆزدىن ھېچ پۇشايمان قىلمىدىم. كۆپ سۆزلەر باركى، ئۇلارنى ئېيتقىنىمدىن پۇشايمان يېدىم.»

قەيسەر ئېيتۇر: «ئېيتىلمىغان سۆز ئۇستىدىكى قۇدرىتىم ئېيتىلغان سۆزگە قارىغاندا كۆپرەك، يەنى ئېيتقان سۆزۈمنى خالىغان چاغدا قايتا يوشۇرۇش ئىمكانىم يوق.»

[1] بۇ يەردە ئايال كىشىگە نىسبەتەن يات ئەر، دېمەكچى.
[2] بار ـ قېتىم.

ئاشكار قىلماق لازىم بولمىغان سۆزنى،
هوشيارلارغا سۆزلىمە ئاسان.
سۆزلىمىگىنىڭنى سۆزلەپ ئالۇرسەن،
ئېيتقاچ، قايتۇرماققا تېپىلماس ئىمكان.

چىن خاقانى شۇ مەنىدە ئېيتۇر: «كۆپىنچە سۆزنى ئېيتماي پىنهان تۇتماققا قارىغاندا، ئېيتىپ پۇشايمان قىلماق قىيىنراق بولۇر.»

قانداق سىر بولمىسۇن كۆڭلۈڭدە پىنهان،
تېز ۋە ئاسانلىقچە ئەيلىمە بايان.
ئاشكارا ئېيتىپ، چەكمىگىن نادامەت،
پىنهان تۇتقىل، مەيلى بولسا ئالامەت.

ھىندى پادىشاھى ئېيتۇر: «ھەر سۆزكى تىلىمدىن ئۇچتى، ھۆكۈمرانلىق ئۇنىڭغا كۆچتى. ئېيتمىغان سۆزۈمگە ئۆزۈم ھۆكۈمران، خالىغان چېغىمدا تىلىمدۇر راۋان.»

دانالار قارىشىچە، ئېيتقان ـ ئېيتمىغان
سۆز مەنىسى ئۇشبۇ مەسەلگە كۆچكەن:
ھەر ئىككىسى ئوقتۇر، بىرى ساداقتا،
بىرى بولسا ئەمدى كاماندىن ئۇچقان.

## ھېكايەت

ھىندى پادىشاھى باغداد خەلىپىسىگە سوۋغا ـ سالام بىلەن تېبابەت ۋە ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن بىر پەيلاسوپنى ئەۋەتتى. تېۋىپ خەلىپە ئالدىدا تىك تۇرۇپ دېدى:

— كەمىنە ئالىيلىرىغا پەقەت پادىشاھلارغا خاس ۋە سۇلتانلارغا يارايدىغان ئۈچ سوۋغا ئېلىپ كەلدىم.

— خوش، ئۇلار نېمىدۇر؟ — دېدى خەلىپە.

— بىرىنچىسى — بوياقتۇر، — دېدى تېۋىپ، — چاچنى قارايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بويالغان چاچ ھەرگىز رەڭگىنى يوقاتمىغاي ۋە ھېچقاچان

ئاقارمىغاي. ئىككىنچىسى — بىر مەجۇندۇركى، ئۇنى يۇتۇپ ھەرقانچە كۆپ غىزا يېيىلىسىمۇ ئاشقازانغا ئېغىرلىق چۈشمىگەي ۋە مىجەز بۇزۇلمىغاي؛ ئۈچىنچىسى — بەلنى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان، مەنىينى كۆپەيتىپ، شەۋقنى ئاتتۇرىدىغان دورا. ئۇنى ئىچكەن كىشى خوتۇنلار بىلەن تەكرار تۆشەككە كىرسىمۇ، قۇۋۋىتى كېمەيمىگەي، كۆز نۇرى زەئىپلەشمىگەي.

خەلپە بىردەم ئويلىنىپ، شۇنداق دېدى:

— مەن سېنى دانا، ئەقلىڭنى ئۇنىڭدىنمۇ ئەلا، دەپ ئويلىغانىدىم. سەن ئېيتقان بوياق مەغرۇرلۇق سەرمايىسى ۋە پىسقۇ پۇجۇر دەسمايىسىدۇر. چاچنىڭ قارىلىقى قاراڭغۇلۇقنىڭ، ئاقلىقى بولسا يورۇقلۇقنىڭ بەلگىسى ئەمەسمۇ؟ پەقەت نادانلارلا يورۇقلۇقنى قاراڭغۇلۇققا ئالماشتۇرغۇسىدۇر.

ئاق چېچىنى قارا رەڭدە بوياش بىلەن بىر ئەخمەق،
ياشانغاندا ياشلىقنىڭ ئارزۇسىنى قىلسا، دەڭ:
قۇش بىلەن شىكار قىلغان دانا ـ ئاقىل بىلۇركى،
ئاق قارچىغا بىلەن ھېچ قارا قاغا بولماس تەڭ.

ئىككىنچى سوۋغات مەجۇن توغرىسىدا شۇنى بىلىپ قويكى، مەن تاماقتىن لەززەتلىنىدىغان تويمىغۇرلاردىن ئەمەسمەن ۋە تاماقنى ئېھتىياجدىن ئارتۇق يېمەسمەن. غىزانى كۆپ يېيىشتىنمۇ ئازابلىق ئىش بارمۇ؟ غىزانى جىق يېگەن كىشى جايغا تېز ـ تېز قاتراپ، كۆرۈشنى خالىمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈشكە، قۇلاققا ياقمايدىغان قوپال ئاۋازلارنى تىڭشاشقا، بۇرۇنغا ياقمايدىغان ھىدلارنى ھىدلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنداق جايغا تېز ـ تېز قاتراشتىمۇ يېقىمسىز ئىش بارمىدۇ؟

بىلىملىكلەر: «ئاچلىق — كېسەللىكتۇر، لايىقىدا يەپ ـ ئىچمەك ئۇنىڭ داۋاسىدۇر» دېگەنغۇ. دەردكە داۋا بولۇشنىڭ ئورنىغا كېسەلنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ياردەملەشكەن كىشىدىنمۇ نادانراق ئادەم بارمۇ؟!

خوجا ساقلار ئىشتىھاسىن،
ساقلىقنى سېلىپ يولغا.
ئىلغىماس ئىسسىق ـ سوغۇق دەپ،
ئاز ـ ئاز يېيۇر كېرەك بولسا.

ئـەمدى ئايـاللار بىلـەن بولغـان ئـالاقىنى كۆچـەيتىدىغان دوراڭغـا كەلسـەك، ئايـاللار بىلـەن كـۆپ ئالاقـە قىلمـاق ئەقىلسـىزلىقنىڭ بېشارىتىدۇر. ئەگەر خەلپە... قانداقتۇر بىر قىز ئالدىدا تىز چۆكۈپ، ئۇنىڭغا تـولا ھېـرىس قىلسـا، يالغـان ـ ياۋىداق ماختـاش سـۆزلىرىنى ئېيـتقىلى تۇرسا، ئۇنى دانا دېگىلى بولامدۇ؟!

ئەي دانالىق دەۋاسى قىلغان، شەھۋەتتىن بولما تىترەك،
ساراڭلىقنىڭ زەنجىرىدۇر بۇزۇق خوتۇن چاچ ئۆرۈمى.
تىزلىنىپ ئالدىدا قىلساڭ بەتقىلىقنى ئاشكارا،
بۇ ئەقىل ـ ئىدراكسىزلىقتۇر ھەم ساراڭلىق بېشارىتى.

## ھېكايەت

كىسرانىڭ[①] سورۇنىغا بىلىمدانلاردىن ئۈچ كىشى — رۇم پەيلاسوپى، ھىندى ھەكىمى ۋە بۇزۇرجمېھر[②] يىغىلغانىدى. سۆھبەت «دۇنيادا ئەڭ يامان نەرسە نېمە؟» دېگەن مەسىلىگە كەلگەندە، رۇم ئالىمى دېدى:
— قېرىقلىق ۋە ئاجىزلىق، يوقسۇللۇق ۋە قاشىشاقلىق.
— كېسەللىك ۋە نادامەت، — دېدى ھىندى دانىشمىنى.
— ئەجەل يېقىنلىشىپ، پۈتكۈل ئىشلاردىن يىراقلىشىش، — دېدى بۇزۇرجمېھر.
ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھەممەيلەن قوشۇلدى.

كىسرا سارىيىغا داندلار كېلىپ،
«پالاكەت نېمە؟» دەپ قۇرۇشتى سۆھبەت
«غەم مەۋجىنىڭ ئەڭ زور دولقۇنى نېمە؟»
جاۋابىنى ئىزدەپ، سورىدى ھېكمەت.

---

① كىسـرا ـ خۇسـرەۋ I ئەنۇشـىرۋان ساسـانىيلار سۇلالىسـىگە مەنسـۇپ ئىـران شـاھلىرىدىن (531 – 579). ئەنۇشـىرۋان تـارىخىي شـەخس بولسـىمۇ، كېيىنچـە شـەرق خەلقلىرى بەدىئىي ئىجادىدا كەڭ تارقالغان ئادالەتلىك شاھ تىمسالىغا ئايلانغان.

② بۇزۇرجمېھر ـ بۇزۇرگمېھر ـ خۇسرەۋ I ئەنۇشىرۋاننىڭ ئەپسانىۋى ۋەزىرى، شەرق ئەدەبىياتىدا ئالىم تىمسالىدا كەڭ تارقالغان.

«بىتابلىق ۋە قايغۇ» دېدى بىرەيلەن:
«قېرىلىقتىكى يوقلۇق، ئاچلىق، بىتاقەت».
ئۈچىنچىسى دېدى: «ئاياۋسىز ئەجەل،
دۇنيا ئىشلىرىدىن ئاجرىتۇر سائەت».
ئۇنىڭ سۆزى بولسا ھەممىگە مەقبۇل،
يوق دېيىشتى بۇندىن ئېغىر پالاكەت.

## ھېكمەت

بىر دانىشمەندىن:
— كىشى قانداق چاغدا تاماققا ئالدىرايدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:
— بەدۆلەت ئاچ قېلىپ، ئىچى ئېچىشقاندا، كەمبەغەل بولسا تاماققا ئېرىشكەندە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بولمىسۇن ساقلىقىم خاراب دېگەنلەر،
تاماقنىڭ ئاز - كۆپىنى لايىقىدا يەر.
باي قارنى ئاچقاندا گاھى - گاھىدا،
كەمبەغەل تاپقاندا يا باردا يەر.

## ھېكايەت

بىر دانىشمەن ئۆز ئوغلىغا دېدى:
— ئەتىگەندە ئاغزىڭغا بىرەر چىشلەم نان سالماي ئىشىكتىن چىقما، چۈنكى توقلۇق خۇش مۇئامىلىگە ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئاساسى، ئاچلىق بولسا يەڭگىلتەكلىك ۋە ئەقىلسىزلىقنىڭ سەۋەبچىسىدۇر.

روزىدىن بۇزمىغىن تەبىئىتىڭنى،
خۇش مۇئامىلىلىك ئادەمزات نەقشى.
تۇتقان روزاڭ بولسا بىراۋغا ئازار،
روزىنى پۈتۈنلەي تۇتمىغان ياخشى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com